# ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مىنادىكى چوڭ تاش يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا تاش ئاتتى، ئاندىن مىنادىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ قۇربانلىق قىلدى، ئاندىن ساتىراچقا: چېچىمنى چۈشۈر! دەپ، ئاۋۋال بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى، ئاندىن سول تەرىپىنى كۆرسەتتى، ئاندىن چېچىنى كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىنادىكى چوڭ تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ، شەيتانغا تاش ئاتقانلىقى، ئاندىن مىنادىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ قۇربانلىق قىلغانلىقى، ئاندىن ساتىراچقا: «چېچىمنى چۈشۈرۈپ قويغىن» دەپ، ئاۋۋال بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى، ئاندىن سول تەرىپىنى كۆرسەتكەنلىكى، ئاندىن چېچىنى كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەيتانغا تاش ئاتتى، قۇربانلىق قىلدى ۋە چېچىنى چۈشۈرگەندە ساتىراچقا بېشىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى تۇتۇپ بەردى، ساتىراچ چۈشۈرگەندىن كېيىن ئەبۇ تەلھە ئەنسارىنى چاقىرىپ، چۈشۈرۈلگەن چېچىنى ئۇنىڭغا بەردى.، ئاندىن سول تەرىپىنى تۇتۇپ بېرىپ: «چۈشۈرگىن» دېدى، چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئەبۇ تەلھەگە بېرىپ: «بۇنى كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگىن» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [مۇسلىم بۇ ھەدىسنى ئىككى ئىسنادتا رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە ھېيت كۈنى مىناغا كەلگەندە، شەيتانغا تاش ئاتتى، ئاندىن مىنادىكى چېدىرىغا قايتىپ قۇربانلىق قىلدى، ئاندىن ساتىراچنى چاقىرىپ چېچىنى ئالدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساتىراچقا چاچنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ ئېلىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئوڭ تەرەپتىن ئالدۇرغان چاچلارنىڭ ھەممىنى بەردى، ئاندىن چېچىنىڭ قالغىنىنى ئالدۇردى، يەنە ئەبۇ تەلھەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۇ چاچلارنى بېرىپ: «بۇنى كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگىن» دېدى. ئەبۇ تەلھە ئۇنى كىشىلەرگە بۆلۈپ بەردى، بەزى كىشىلەرگە بىر تال چاچ، يەنە بەزىلەرگە ئىككى تال چاچ، يەنە بەزىلەرگە ئالالىغىنىچە كۆپرەك تەگدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك چاچلىرىنى كىشىلەر تەۋەرۈك بىلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىز-ئەسەرلىرى بولسا توغرا بولىدۇ، ھەمدە بۇ پەقەت رەسۇلۇللاھقىلا خاس بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3052

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee